# قانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ ئۇنى قىيامەت كۈنىدە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلسا، قىيىنچىلىقى بار كىشىدىكى قەرىزنى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ بەرسۇن ياكى قەرىزنى كەچۈرۈۋەتسۇن

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى: «قانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ ئۇنى قىيامەت كۈنىدە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلسا، قىيىنچىلىقى بار كىشىدىكى قەرىزنى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ بەرسۇن ياكى قەرىزنى كەچۈرۈۋەتسۇن»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ھەرقانداق بىر كىشىنى خۇشال قىلسا» يەنى خۇرسەن قىلسا ۋە تەئەججۇپلەندۇرسە، «ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنىنىڭ دىشۋارچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ» يەنى ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتى ۋە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، «قىيىنچىلىقى بار كىشىنى خاتىرجەم قىلسۇن»يەنى قەرىزنىڭ ۋاقتى توشقاندا، قەرىزنى تەلەپ قىلىشنى كېچىكتۈرسۇن ۋە قەرىزنى ئادا قىلغۇدەك بىر نەرسە تاپقۇچە مۆھلەت بەرسۇن، «ياكى قەرىزنى بولدى قىلىۋەتسۇن» يەنى ئۇ كىشىدىكى قەرىزنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى كەچۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھ: «ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغىچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر» دېگەن. بەقەرە سۈرىسى 280-ئايەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4195

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee